# قالغاچ

ئابلىكىم روزى،
مەھەممەت سىدىق تومۇرى



ئابلىكىم روزى
مەھەممەت سىدىق تومۇرى

# قالغاچ

(شېئىرلار توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ت. پەخرىدىن

# قالىغاچ

## (شېئىرلار توپلىمى)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32 باسما تاۋىغى: 3
1984 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1984 يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·812
تىراژى: 1 - 3·800
باھاسى: 0·17 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئامرىغى بىز ئەمگەكنىڭ ........................ 1
تازىلىقنى سۆيەمىز ........................ 2
قالىغاچ ........................ 3
پارتىيىنى كۈيلەيمىز ........................ 4
ئانام سۆيدى مەڭزىمگە ........................ 5
چىمەن جەڭگە ئاتلاندى ........................ 7
ئورلە، لەگلىگىم ........................ 8
باھار شاتلىقى ........................ 10
بوۋاينىڭ رەھمىتى ........................ 11
ياشا ئۇلۇغ ئارمىيەم ........................ 14
مېۋىلەرنى يۇيۇپ يەڭ ........................ 15
خەرىتەم ........................ 17
مۇخبىر ئاكا، كېلىپ تۇرۇڭ ........................ 18
تىك ـ تاك توپ ........................ 21
ئۆگىنىمەن ئاچامدىن ........................ 22
بولسەن ماھىر ........................ 25
گۈل ۋە بۇلبۇل ........................ 26
ئوقۇش باشلاندى ........................ 26
مەن ۋە تۇمۇچۇق ........................ 27

گېزىت مېنىڭ ئامرىغىم .................... 29

تامنىڭ ئەرزى .................... 31

سەمەت چۈشەندى .................... 34

دوستلار كۈلۈپ قاراشتى .................... 36

ئۆلگىمىز سەن لېي فېڭ تاغا .................... 37

كۈز پەسلى .................... 38

بايرام ناخشىسى .................... 40

كىتاۋىم .................... 41

ئۆسمۈر ئارزۇسى .................... 42

ئاپتومات .................... 43

موكۇ ـ موكۇلەڭ .................... 43

ئارقان .................... 45

ئابلىكىم روزى

# مەكتەپ قوينىدا

— شېئىرلار

## ئامرىغى بىز ئەمگەكنىڭ

ئانا مەكتەپ بىزلەرنى
ئۇستۇرمەكتە ئەدەپلىك.
ئەخلاق، ئوقۇش، ئەمگەكنى
بىلىمىز ئەڭ شەرەپلىك.

بىز ئەمگەكچى پەرزەنتى،
ئەمگەكتىن ھىچ قاچمايمىز.
كىمكى ئەمگەك سويمىسە
ھەرگىز چىراي ئاچمايمىز.

بىز ئوسمۇرلەر ھەرقاچان
ئامراق دوستى ئەمگەكنىڭ.
تەرلەر توكسەك ئاشىدۇ
خوشاللىغى يۇرەكنىڭ.

# تازىلىقنى سۆيىمىز

(ئېيتىشىش)

ئا: شەرەپلىكتۇر تازىلىق،
ئىنسان ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن.
بەكمۇ تولا پايدىسى،
بارلىق ئوغۇل، قىز ئۈچۈن.

ب: كوركەم مۇھىت، گۈزەللىك
تازىلىقتىن كېلىدۇ.
ئۇنى قىزغىن سۆيسەكىم
قەلبى يايراپ كۈلىدۇ.

ئا: قەيەر بولسا پاسكىنا،
مىكروپلارغا تولىدۇ.
شۇ سەۋەپتىن كىشىدە
كېسەل پەيدا بولىدۇ.

ب: چۈشەندۇق بىز ئۇسمۇرلەر
تازىلىقنىڭ رولىنى.
كېڭەيتىدۇ تازىلىق
سالامەتلىك يولىنى.

ئا: تازىلىقتا خۇمادۇر
بىزنىڭ ئىشچان بىلەكلەر.
قولىمىزدىن چۈشمەيدۇ
سۈپۈرگە، داس، چىلەكلەر.

ب: ئەنە قاراڭ، ھەممە جاي
شۇنچە رەتلىك پاكىزە.
يالتىرايدۇ ئەينەكتەك
تام، تورۇس ۋە دەرىزە...

ئا: تازىلىق قىلىش خوشاللىق،
سويىمىز ئۇنى داۋاملىق.
ھارماي - تالماي ئۆگىنىپ،
بولىمىز ئەلگە يارامىلىق.

## قالىغاچ

پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭسەن،
بىز تەرەپكە قالىغاچ.
شوخ تايچاقتەك سەكرىدىم،
ئۇسۇلۇڭ بەك يارىغاچ.

سەن ۋىچىرلاپ ئۇچقاندا،
شەمشەر قانات قالىغاچ.

زوقۇم بىلەن قارايمەن،
كۆڭلۈم كۈلۈپ يايرىغاچ.

كۆك ئاسماندا قالىغاچ،
ئۇچ، گېپىمنى ئاڭلىغاچ.
شات - خورام مەن ئاجايىپ،
باھار كۈيى ياڭرىغاچ.

قالىغاچ، سەن باھارنىڭ
خەۋەرچىسى — ئەلچىسى.
باھاركەلسە گۈللەرنىڭ
ئېچىلىدۇ ھەممىسى.

ئۇچقىن، ئۇچقىن، قالىغاچ،
يەر - زېمىنگە قارىغاچ.
قانداق گۈزەل بىزنىڭ يۇرت،
كېيدى يېشىل كىمخاپ - تاج.

## پارتىيىنى كۈيلەيمىز

كوممۇنىستىك پارتىيە
بىزنى بەختىيار قىلدى.

ئانا ۋەتەن قوينىنى
مىسلى گۈلباھار قىلدى.

ئەگەر باھار بولمىسا،
ئېچىلىدۇ گۈل نەدە؟
پارتىيىمىز بولمىسا،
بىزگە خوشال كۈن نەدە؟

پارتىيىمىز باغۋەندۇر
بىز ئوخشايمىز كوچەتكە.
شۇ باغۋەننىڭ ئەجرىدە
تولماقتىمىز قۇدرەتكە.

بىز ئۇسمۇرلەر يۈرەكتىن
پارتىيىنى كۈيلەيمىز.
ئەلا ئوقۇپ تىرىشىپ
غەلىبىسىرى ئورلەيمىز.

## ئانام سويدى مەڭزىمگە

يېڭى يىل كۈنى
دىدى جان ئانام:
"سوزۇمنى ئاڭلا،
ئامرىغىم بالام.

ھر ياش قوشۇلدى
بۇگۈن يېشڭغا.
زوقۇم كېلدۇ
قلغان ئشڭغا.





مەكتەپ قوينـدا
كۆلدى هاياتڭ.
بلسەڭ ئلم پەن
تالماس قاناتڭ.

كۆتمەكتە سېني
گۈزەل ئستقبال.

تىرىشىپ ئوقۇپ
كۆپلەپ بىلىم ئال...“

دىدىم ئانامغا
قەلبىم شات كۈلۈپ.
مېھرىم بىلەن مەن
ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

”قىلغان سۆزلىرىڭ
ئوخشايدۇ بالغا.
ئىشەنگىن، مەڭگۈ —
باسىمەن ئالغا!...“

ئانام قۇچاقلاپ
سۆيدى مەڭزىمگە.
چوڭ ئۈمىت بىلەن
بېقىپ لەۋزىمگە.

## چىمەن جەڭگە ئاتلاندى

”ئانا، — دېدى چىمەنگۈل
يۈرىكىدە ھاياجان، —
بۈگۈن بىزنىڭ مەكتەپتە
ئاياقلاشتى ئىمتىھان.

بۇ يىل يەنە دەرسىمگە
كۆڭۈل قويدۇم، تىرىشتىم.
قاراڭ، مانا ھەممىدە
يۈز نومۇرغا ئېرىشتىم...»

يىللىق كورسەتكۈچنى ئۇ
ئانىسىغا كورسەتتى.
ئانا ئاڭا شاتلىنىپ
كوزلىرىنى يۈگەرتتى.

دىدى ئانا: «نەتىجەڭ،
بوپتۇ راستىن يۇقۇرى.
ئىمتىھان كوپ ئالدىڭدا،
ئورلە يەنە كۈنسىرى...»

ئانىسىنىڭ سوزىدىن
چىمەن كۆلدى، شاتلاندى.
گەرچە تەتىل بولسىمۇ،
ئۆگىنىشكە ئاتلاندى.

## ئورلە، لەگلىكىم

ئالا - چىپار چۇچىلىق،
ئەي چىرايلىق لەگلىكىم.

سېنى كورسەم شاتلىقتىن
هوزۇرلىنار يۈرىگىم.

تېخى سېنىڭ ئۈستۈڭگە
راكېتا سىزىپ قويدۇم.
"ئۇرلەيمەن" دېگەن سوزنى
چىرايلىق يېزىپ قويدۇم.



كورۇپ سېنى دوستلىرىم
دېدى: "قالتىس بولۇپتۇ.
لەگلىگىڭگە راستىنلا
يېڭى مەزمۇن قونۇپتۇ."

چىقسا باھار شامىلى
كوڭلۇم ئەجەپ خوش، دەيمەن.
ئۇچساڭ ئەگەر لەگلىگىم
سېنى گويا قۇش دەيمەن.

ئورلە يەنە لەگلىگىم،
ئورلە يەنە يۇقۇرغا.
مەنمۇ پەرۋاز قىلىمەن
ئالغا بېسىش يولۇمدا.

## باھار شاتلىقى

بىر يىلدا دوستۇم،
باردۇر تۆت پەسىل.
ئۇنىڭ ئىچىدە
باھار ئەڭ ئېسىل.

ئىشنىڭ بېشىدۇر،
گۈلباھار دىمەك.
شۇڭا ئۇنىڭدىن
سويۇنەر يۈرەك.

باھار يېقىملىق،
ئىلھام بەخشتۇر
باھار شاتلىقى
دىلغا نەقىشتۇر.

بەخت، شاتلىققا،
سىمۋول باھار
بەخت باھارى
ھېزگە مەڭگۈ يار!...

## بوۋاينىڭ رەھمىتى

ئېسىل خىسلەت، ئېسىل روھ
دىلنى خوشال قىلىدۇ.
ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ
ماختىغۇسى كېلىدۇ.

ھېر يەكشەنبە مۇختەرجان
ئاپتوۋۇزدا باراتتى.
گالستۇكى يەلپۈنۈپ،
قەلبى چوغدەك ياناتتى.

ئورغۇن ئىدى كىشىلەر
ئاپتوۋۇزنىڭ ئۈستىدە.

چىقتى مانا بىر بوۋاي
ئاپپاق ساقال كوكسىدە.

قارىماقتا ئۇ بوۋاي
كورۈنەتتى كېسەلدەك.
قولدا بار ھاسىسى
ھاسرايتتى خېلى بەك...

قىيىن ئىدى بوۋايغا
ئورە تۇرۇش ئەلۋەتتە.
"كېلىڭ بوۋا، ئولتۇرۇڭ" —
دېدى مۇختەر شۇ پەيتتە.

شۇنداق قىلىپ مۇختەرجان
ئوز ئورنىنى ئوتۇندى.
ئۇنىڭ بۇ خىسلىتىدىن
ھەممە كىشى سويۇندى.

تەسىرلىنىپ بوۋايمۇ
دېدى: "رەھمەت پېشونېر.
چىچەكلەپتۇ قەلبىڭدە
ياخشى خىسلەت - چىن مېھىر..."



مۇختەر كۇلۇپ: ”بۇ ئىشىم —
ئادەتتىكى ئىش، — دېدى،
لېيى فېڭ تاغام ئۇبرازى،
ماڭا چەكسىز كۇچ“ دېدى.

# ياشا ئۇلۇغ ئارمىيەم

بىزگە ئەڭ سۆيۈملۈكسەن،
شۇ قەدەر كۆيۈملۈكسەن.
ھەممىدىن قەدىرلىكسەن،
ياشا، ئۇلۇغ ئارمىيەم.

جەڭلەر ئارا تۇلپارسەن،
تالماس قانات شۇڭقارسەن،
ھەر دائىما ھۇشيارسەن،
ياشا، ئۇلۇغ ئارمىيەم.

ئوت يۈرەكلىك ئوغلانسەن،
گويا پولات قورغانسەن.
ھور ۋەتەننى قوغدايسەن،
ياشا ئۇلۇغ ئارمىيەم.

بوستان قىلىپ چۆللەرنى،
ئېچىلدۇردۇڭ گۈللەرنى.
ياراتتىڭ شات كۈنلەرنى،
ياشا ئۇلۇغ ئارمىيەم.

نۇر چاچماقتا خىسلىتىڭ،
ئۇلغايدى كۈچ - قۇدرىتىڭ.

ئاشتى شۇڭا ھورمىتىڭ،
ياشا، ئۇلۇغ ئارمىيەم.

ئىزىڭ بىسىپ ئورلەيمىز،
ئانا ئەلنى گۈللەيمىز
سىنى دىلدىن كۈيلەيمىز،
ياشا ئۇلۇغ ئارمىيەم.

## مىۋىلەرنى يۇيۇپ يەڭ

"مىۋە — يازنىڭ شىرنىسى"
دىگەن سوز بار ئەزەلدىن.
ياخشى پىشقان مىۋىلەر
تاتلىق بولار ھەسەلدىن.

مىۋىلەردە بولىدۇ
قەن ماددىسى، ۋىتامىن...
شۇڭا ئادەم تىنىگە
پايدىسى زور ئىنتايىن.

لىكىن مىۋە پىشىدۇ
باغدا ۋە تالا - تۈزدە.
چاڭ - توزاڭلار ھەر قاچان
قونار ئۇنىڭ يۈزىگە.

ساۋاقداشلار، ئاگلاگلار
دوختۇرلارنىڭ گېپىنى.
مىكروپ كىرەر ئېغىزغا
يۇماي يىسە مېۋىنى.

ئۇچەي بويلاپ مىكروپلار
ئاشقازانغا چاپىدۇ.
ئۇسۇشىگە ئۇ يەردە
ياخشى ئىمكان تاپىدۇ.

كىشىلەرنى زەھەرلەپ
كېسەل پەيدا قىلىدۇ.
ئۇچەي تولغاق كېسىلى
شۇ يول بىلەن كېلىدۇ.

كېسەل بولغان ساۋاقداش
مەكتىۋىدىن قالىدۇ.
ئېيتىڭلارچۇ، ئۇنداقتا
قانداق بىلىم ئالىدۇ.

............

مېۋە يېيىش ئالدىدا،
سۈزۈك سۇدا يۇيايلى.
پاكىز يۇيۇپ يېيىشنى
دائىم ئادەت قىلايلى.

# خەرىتەم

ئېلىم نەگە جايلاشقان،
نە ـ نەلەرگە تۇتاشقان.
چېگرىسىنى بەك ئېنىق
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

گۈزەل ئانا ۋەتەننىڭ،
(باغۇ ـ بوستان، چىمەننىڭ)،
دائىرىسى قانچىلىك،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

نەدە چوققا، نەدە تاغ،
نەدە ئولكە، شەھەر، باغ ...
نامى نىمە ئۇلارنىڭ،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

نەدە دەريا، دېڭىز، كول،
نەدە تۈزلەڭ، ئېدىر، چول.
ئاتىلىدۇ نىمە دەپ،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

نەدە تاشيول، تومۇر يول،
نەدە بايلىق شۇنچە مول.

ھەۋەسلىنىپ، زوقلىنىپ،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

نەدە قېلىن ئورمان بار،
نەدە يانار ۋولقان بار.
نەدە چوڭقۇر ئويمان بار،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

نەدە قايسى ئارال بار،
نەدە بۇغا ـ مارال بار.
ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ،
كوردۇم سەندىن خەرىتەم.

ئېلىش ئۇچۇن بىلىمنى،
بېرىپ ساڭا دىلىمنى.
كورۇپ سېنى داۋاملىق،
ئۇگىنىمەن خەرىتەم.

## مۇخبىر ئاكا، كېلىپ تۇرۇڭ

مۇخبىر ئاكا، ئاڭلىساق،
ماھىركەنسىز يېزىشقا.
بىز تەرەپكە ئارىلاپ،
كەلمەيسىزكىن نىمىشقا.

بىزنىڭ مەكتەپ مەلىنىڭ
ئۇتتۇرىغا جايلاشقان.
توت ئەتراپى دەرەخلىق،
ئىچى كەڭرى، قاملاشقان.



موخبىر ئاكا، چەت كورمەي،
كېلىپ تۇرۇڭ مەكتەپكە.
بىز بەختىيار باللار
چومۇلدۇق شان ـ شەرەپكە.

بىزنىڭ ئانا مەكتەپتە
بولدى نۇرغۇن ئۆزگىرىش.
مېڭىپ لېيى فېڭ ئىزىدىن
چىقتى كوپلەپ ياخشى ئىش...

"بەش بولۇش" ۋە "توت گۈزەل"
ناخشىلىرى ياڭرىدى.

يېڭى خىسلەت تۇرغۇزۇپ،
يۈرىكىمىز يايرىدى.

ئۇگىنىشتە بۇ يىلمۇ
ئەلاچىلار كوپەيدى.
ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىق
كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى.

مەكتىۋىمىز ئوخشايدۇ
گويا گۈزەل باغچىغا.
ئاشۇ باغچا لىق تولدى
گۈل - چېچەككە، غۇنچىغا.

شۇڭا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ
ئىلغار دىگەن نامى بار.
ئۇگىنىشتە، ھەر ئىشتا
قۇچقان شەرەپ - شانى بار.

يازىدىغان ئىش تولا،
مۇخبىر ئاكا، كەلسىڭىز.
ئىلھامىڭىز قوزغىلار
غەلىبىمىزنى كورسىڭىز.

مۇخبىر بىزنى يازدى دەپ،
مەغرۇرلىنىپ كەتمەيمىز.

ھارماي - تالماي ئۈگىنىپ
دائىم ئالغا ئۇرلەيمىز.

## تىك - تاك توپ

"تىك - تاك، تىك - تاك..." ئاۋازىڭ
ئاڭلىنىدۇ رىتىملىق.
ئەپچىللىكىنە پەرۋازىڭ
تۇيۇلىدۇ يېقىملىق.

كۈمۈش رەڭلىك تىك - تاك توپ،
ساڭا قەلبىم سۆيۈندى.
سېنى ئويناش مەن ئۈچۈن،
بەكمۇ ئىسسىق كۆرۈندى.

شۇڭا سېنى ئۆگەندىم
بوش چاغدا - تەنەپپۇستا.
چاپالاق مەشىق قىلغاچ
بوپ قالدىم خېلى ئۇستا.

سېنى قانچە ئوينىسام،
تالماس مېنىڭ بىلىكىم.
ماھىرلىق بوپ يېتىلمەك
شىرىن ئارزۇ - تىلىكىم.



ئويناپ سىنى تىك ـ تاك توپ
راست تاۋلايمەن بەدەننى.
ئەلا ئوقۇپ پۈركەيمەن
گۈلگە ئانا ۋەتەننى.

## ئۈگىنىمەن ئاچامدىن

فابرىكىدا ئىشلەيدۇ
كىچىك ئاچام پەرىدە.
مېنى كېلىپ كەتكىن دەپ،
يېزىپتۇ ئۇ خېتىدە.

"8 - مارت كۈنى"
باردىم ئۇنىڭ قېشىغا.
زوقۇم كەلدى ئاچامنىڭ
غەيرىتىگە، ئىشىغا.

ئۇ كورسەتتى سېخلارنى.
بىللە يۈرۈپ يېتەكلەپ.
خوشاللىقتىن يۈرىگىم
ئويناپ كەتتى تېپچەكلەپ.

كورگەم، نەپىس رەختلەرنى
توقۇيدىغان فابرىكا.
ئاچام توقۇش ئىشىدا
يېڭىلاپتۇ تېخنىكا...

جاندىل بىلەن ئىشلىگەچ
"بايراقدار" دەپ نام ئاپتۇ.
ئىلغارلىقنىڭ گۈلىنى
كوكرىگىگە تاقاپتۇ.

شەرەپ بىلەن بېيجىڭغا
بارىدىغان يېقىندا.
بۇ خەۋەرنى رەھبەرلىك
ئېلان قىپتۇ يېغىندا.



خوشاللىغىم تىپـخىمۇ
چۇلغىۋالدى دىلىمنى.
ئۇگىنىشكە ئاچامـدىن
چىڭ باغلىدىم بىلىمنى.

# بولسەن ماھىر

ئوغلۇم ياساپتۇ
ئەپچىلگىنە نەي.
دىدى:
"ئاڭلىغىن،
بىر چېلىپ بېرەي..."

ئۆزى بىلگەنچە،
چېلىپ كەتتى ئۇ.
ئېسىلىپ ماڭا
كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

ئاتىلىق مېھرى
تېنىمگە تاراپ.
دىدىم شۇ چاغدا
ئوغلۇمغا قاراپ:

"چال، ئوغلۇم، نەينى
ياڭراق پەدىگە.
بولسەن ماھىر
سەنمۇ ئەتىگە."

## گۈل ۋە بۇلبۇل

گۈلنىڭ ئۇشقىدا
سايرايدۇ بۇلبۇل.
سايرىغانسېرى
يايرايدۇ بۇلبۇل.

خۇش پۇراق گۈلنى
دەيمەن ئىلىم - پەن.
بىز خوشال بۇلبۇل،
مەكتەپ — بىر چىمەن.

ئاشۇ چىمەندە
ئىمكان كەڭتاشا.
بىلىم ئۇشقىدا
سايرايمىز راسا.

## ئوقۇش باشلاندى

يىغىلدۇق بۈگۈن
ئانا مەكتەپكە.
سىنىپقا كىردۇق
تىزىلىپ سەپكە.

يېڭى مەۋسۇملۇك
ئوقۇش باشلاندى.
مەكتەپ قوچىغى
كۈلدى - جانلاندى.

مەرىپەت بېغى
ئاچتى كەڭ قوچاق.
رەڭگا - رەڭ گۈللەر
چاچتى خۇش پۇراق.

بىزگە ئىلىم - پەن
ئىللىق نۇر چاچار.
گۈزەل ئىستىقبالغا
داغدام يول ئاچار.

ئەلا ئوقۇيمىز
تىرىشىپ چوقۇم.
پەن چوققىسىغا
قىلىمىز ھۇجۇم.

## مەن ۋە تومۇچۇق

ھويلامدىكى قەپەزدە
باققان ئىدىم تومۇچۇق.

سايراپ بېرەر يېقىملىق،
زوقلىنىمەن خوش بولۇپ.

بىر كۈنى مەن قېشىدا،
تەكرارلىدىم كونۇكمە.
زوقى كېلىپ دىدى ئۇ:
"ئۇگىنىشتىن زېرىكمە.

شۇنچە ياخشى كورسەن،
سايرىغاچ مەن خوش ئاۋاز.
لېكىن چەكلىك سايرىشىم،
ئوزەم كىچىك، ئومرۈم ئاز.

پەنگە مېھىر باغلىساڭ،
مەڭگۇ سايراش يار ساڭا.
كىتاپنى چىن دوست تۇتساڭ،
تەشەككۇرۇم بار ساڭا!..."

تۇمۇچۇقنىڭ سوزلىرى
ئىلھام بەردى مەن ئۇچۇن.
يالقۇنلىدى تېخىمۇ
مۇھەببىتىم پەن ئۇچۇن.

دىدىم: "سايرا، تۇمۇچۇق،
مەنمۇ بىللە سايرايمەن.



سەن سايرىساڭ قېشىمدا،
مەن ئۆگىنىپ ھارمايمەن.

## گېزىت مېنىڭ ئامرىغىم

سېنى دائىم ئوقۇيمەن
بايلىغىم گېزىت.
ئايرىلمايمەن سېنىڭدىن
ئامرىغىم گېزىت

چىقار سەندە ھەر كۈنى
يېڭى خەۋەرلەر.
سوتسىيالىزىم يولىدا
قۇچقان زەپەرلەر...

چىقار سەندە رەڭمۇ - رەڭ
نەپىس سۈرەتلەر
دىلغا ئىلھام بەرگۈچى
نۇتۇق، سوھبەتلەر.

چىقار يەنە ھىكايە،
تەمسىل، يۇمۇرلار.
چوچەك، قوشاق، تېپىشماق،
قىزىق ئويۇنلار.

شۇنچە كوركەم، چىرايلىق،
بارلىق بەتلىرىڭ.
ماڭا بەكمۇ يارايدۇ
ھوسنىخەتلىرىڭ.

بۇلبۇل گۈلنى سويگەندەك
سويىمەن سېنى.
كوكۈل قويۇپ تەلپۈنۈپ،
كورىمەن سېنى.

گېزىت، ساڭا مۇشتىرى
بولدۇم ئايمۇ - ئاي.
جانلىق، تېتىك ۋە قىزىق
چىققىن توختىماي!



## تامنىڭ ئەرزى

چوڭ يولدا بىر تام ماڭا
دېدى: "ئاڭلاڭ، ئەرزىم بار.
قوسىغىمدا خېلى كوپ
ئاچچىغىم بار، دەردىم بار.

مېنى سوراپ قالسڭىز
كونا ئەمەس، يېڭى مەن.
(بۇ يىل يازدا سېلىنغان
قۇرۇلۇشنىڭ تېمى مەن).

شۇڭا يۈزۈم چىرايلىق،
ئاپپاق ئىدى، ئاق ئىدى.
ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا
زىدە ئەمەس، ساق ئىدى.

ئىككى بالا تۈنۈگۈن
كەلدى مېنىڭ يېنىمغا.
قاملاشمىغان ئىش قىلىپ،
ئازار بەردى دىلىمغا.

خەتلەر بىلەن تولدۇردى
كوركەم، سىلىق يۈزۈمنى.
تاپالمىدىم نومۇستا
قويۇشقا جاي ئۆزۈمنى.

ئۇلار ئېشىپ ھەددىدىن
سويۇۋەتتى تېرەمنى.
پىچاق سانچىپ ئۆزىچە
قوچۇۋەتتى مېگەمنى.

ئاشۇ بەگۋاش باللار
مېنى كوزگە ئىلمىدى.
چەككەن ئاھۇ - زارىمغا
قىلچە پىسەنت قىلمىدى.

ئۇلار ھېرىپ ئاخىرى
ئويى تامان كېتىشتى.
بىر ياخشى ئىش قىلغاندەك
خوشاللىنىپ مېڭىشتى...

بايان قىلدىم پەقەت مەن
دەردىمنىڭ بىر قىسمىنى.
ئۇلارنىڭ گەپ - سوزىدىن
بىلىۋالدىم ئىسمىنى.

ئۇنىڭ بىرسى سېمىزرەك،
دوپپىسى بار سىيىتكەن.
يەنە بىرسى ئورۇقراق،
كەپكىسى بار ھىمىتكەن.

بۇنداق ئەسكى ئىشلارنى
ئەمدى ھېچكىم قىلمىغاي.
ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئىش
ھەممە يەرنى قاپلىغاي..."

## سەمەت چۈشەندى

باردىم كىنو كورگىلى
بىر يەكشەنبە كۈندە.
لېكىن ئادەم يوق ئىكەن،
بېلەت سېتىش ئۆيىدە.

ئاشۇ يەردە ئۇچراتتىم،
ساۋاقدىشىم سەمەتنى.
كوردۇم ئۇنىڭ قولىدا
خېلى نۇرغۇن بېلەتنى.

سوزلەپ كەتتى ئۇ ماڭا
خوشاللىنىپ ئوزىچە.
ھەر كۈن ئۈچ - تىوت يۈەننى
تاپىدىكەن سوزىچە.

دىدى يەنە: "قوشۇلساڭ،
بىللە بېلەت ساتىمىز.
جاپا تارتىپ يۈرمەيلا
پۇل دىگەننى تاپىمىز..."

دىدىم شۇئان: "سەمەت جان،
قۇلاق سالغىن سوزۈمگە.

خىلاپ بۇنداق پۇل تېپىش،
قانۇنغا ھەم تۈزۈمگە.

بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ
بىلەت ئېلىپ ساتمىغىن.
بۇنداق ئەسكى قىلىقنى،
ئۈزۈل - كېسىل تاشلىغىن

بىلسەڭ، دوستۇم، دۇنيادا،
بىلىم دىگەن چوڭ بايلىق.
ھەرگىز زايا بولمىسۇن
بۇ ئىسىل، گۈزەل ياشلىق...“

سەمەت دىدى ئويلىنىپ:
”بەردىڭ توغرا تەنقىتنى.
بەردىڭ گويا مەن ئۈچۈن،
ياخشى دورا - كەمپىتنى!

ماڭا دىلدىن كويۈنگەن،
چىن مېھرىۋان دوستۇمسەن.
چۈنكى مېنى ۋاقتىدا،
خاتا يولدىن توستۇڭسەن...“

شۇندىن بۇيان سەمەتجان
مۇنداق ئىشنى باشلىدى.
پەنگە باغلاپ مۇھەببەت
يۈكسىلىشكە باشلىدى.

## دوستلار كۈلۈپ قاراشتى

قىزىل گۈلدەك گالستۇك
ماڭا ئەجەپ ياراشتى.
تاقىۋالسام دوستلىرىم
زوقى بىلەن قاراشتى.

يېڭى دەۋران خور - زامان
مەزمۇن بەردى ئومرۇمگە.
كوممۇنىزىم ئىشىنى
پۈكتۈم بۈگۈن كۆڭلۈمگە.

پىئونېرمەن ئوت يۈرەك،
دائىم ئالغا ئورلەيمەن.
ئىلىم - پەن سۆيى بىلەن
دىل بېغىمنى گۈللەيمەن!



# ئۈلگىمىز سەن لېي فېڭ تاغا

لېي فېڭ تاغا، بېغىشلىدىڭ
ئىنقىلاپقا ھاياتىڭنى.
قىزىل گۈلگە پۈركىدىڭسەن
ياشلىغىڭنى - باھارىڭنى.

سېنىڭ - شانلىق ئىش ئىزلىرىڭ
نۇر چاچىدۇ قەلبىمىزگە.
گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىڭ
ئىلھامچىدۇر ھەممىمىزگە.

ئۇگەندىگەن كىچە - كۈندۈز
ماۋجۇشىنىڭ كىتاۋىنى.
ۋەتەن مېھرى يېتىلدۈردى
سەندە كۈچلۈك ئىرادىنى.

خەلق ئۈچۈن ھەر دائىما
مىسلى يالقۇن بولۇپ ياندىڭ.
چەكسىز ياخشى ئىشلار قىلىپ
ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالدىڭ...

لېي فېڭ تاغا، خىسلىتىڭدىن
جۇش ئۇرماقتا يۈرىكىمىز.
سېنى شانلىق ئۈلگە قىلىش
بىزنىڭ ئارزۇ - تىلىكىمىز.

## كۈز پەسلى

گۈزەللىككە پۈركەنگەن
خاسىيەتلىك كۈز پەسلى،
شۇنچە سېخى، باياشات،
بەرىكەتلىك كۈز پەسلى.

ئەنە تەكشى ئېچىلدى
ئاق پاختىلار، كۈز پەسلى.

جاراڭلايدۇ ھەر ياندا
شات ناخشىلار، كۈز پەسلى.

شال، قوناق ھەم ياغلىق دان
پىشىپ كەتتى، كۈز پەسلى.
غەيرىتىمىز تېخىمۇ
ئېشىپ كەتتى، كۈز پەسلى.

ئالتۇنرەڭ كىيىم كىيدى
كەڭ ۋادىلار، كۈز پەسلى.
ئەجەپ سېمىز ۋە تېتىك
مال - چارۋىلار، كۈز پەسلى.

مەي باغلىغان مىۋىلەر
كوز چاقنىتار، كۈز پەسلى.
ئىسسىل تەمى - شىرنىسى
تىلنى يارار، كۈز پەسلى.

پاتماي قالدى ئېتىزغا
ھەر خىل سەيلەر، كۈز پەسلى.
سەندىن يايراپ قەلبىمىز
سېنى كويلەر، كۈز پەسلى.

## بايرام ناخشىسى

چاۋاك چالىمىز،
قارشى ئالىمىز.
گۈلدەك ئېچىلىپ،
خوشال بايرامنى.
ھەممە زوق بىلەن،
يۈكسەك روھ بىلەن.
ئوينايمىز ئۇسۇل،
ياساپ قاينامنى.

ئانىجان مەكتەپ
بىزنى تەربىيىلەپ.
بەرگەچ كۈچ - قۇۋۋەت،
ئوخشىدۇق گۈلگە.
قوللاردا بايراق،
يولىمىز پارلاق.
دىللاردا شۇئار،
تۈگىمەس كۈلكە.

## كىتاۋىم

ئىلىم - پەننىڭ بۇلىقى،
تەشنالىقنىڭ ئوزۇغى.

كوكۈللەرنىڭ چىرىغى،
ئامرىغىمسەن كىتاۋىم.

ماڭا ناۋات بېرىسەن،
بىلىم - ساۋات بېرىسەن،
ئۇچسام قانات بېرىسەن،
ئەقىل نۇرۇم كىتاۋىم.

يورۇش قىلدىم پەن ئۇچۇن
قەدىرلىكسەن مەن ئۇچۇن
ئىخلاسىم بار سەن ئۇچۇن
خۇشتارىم سەن كىتاۋىم.

سەن بولمىساڭ بولامدۇ؟
دىلغا قۇۋۋەت تولامدۇ؟
زەپەر قۇشى ئۇچامدۇ؟
مەدەتكارىم كىتاۋىم.

ئورلەش ئۇچۇن پەلەككە،
تاڭدىم سىنى يۈرەككە
ئۇگىنىمەن ئەبەتكە،
قورالىمسەن كىتاۋىم.

# ئۇسمۇر ئارزۇسى

ھەممىگە ئايان
مۇنۇ ئاددى ئىش،
بىنا سېلىشقا
لازىم بولۇر خىش.
بىر بىنا دىسەك
سوتسىيالىزىمنى
ئۇلۇغ غايىمىز
كوممۇنىزىمنى.
ئاڭا بىر دانە
خىش بولسام دەيمەن.
ئەھدىمنى ئاقلاپ
خوش بولسام دەيمەن.
گۈزەل ئارزۇيۇم
مۇشۇدۇر پەقەت.
بۇ يولدا مەيلى
چەكسەم مۇشەققەت.
ئارزۇسى نۇرلۇق
ئۇسمۇر بالىمەن.
شۇڭا تىرىشىپ
بىلىم ئالىمەن.

## ئاپتومات

ئاپتوماتىم، ئاپتومات،
سايراشلىرىڭ: "تا - تا - تات!..."
ئەپچىلگىنە تاسماڭ بار،
ئاستىم سېنى كۆلۈپ شات.

ئاپتوماتىم، ئاپتومات،
سايراشلىرىڭ: "تا - تا - تات!..."
سېنى ئاتسام دۈشمەنلەر
كەلگىنىگە دەيدۇ دات.

ئاپتوماتىم، ئاپتومات،
سايراشلىرىڭ: "تا - تا - تات!..."
جەڭچى بولۇش ئارزۇيۇم
ئىشقا ئاشسا ئىكەن پات.

## موكۇ - موكۇلەڭ

بوش چاغلاردا ئوينايمىز
موكۇ - موكۇلەڭ.
ھەر تەرەپكە تارايمىز
بۇيرۇق بىلەن تەڭ.

بۇ ئويۇندا بىرەيلەن
”تاپقۇچى“ بولۇر.
”تاپقۇچى“ دىن باشقىلار،
موككۇچى بولۇر.

خالى، دالدا جايلارغا
موكىمىز چاققان.
بىزنى ئىزلەپ تاپقۇچى
چاپىدۇ ھەريان.

تېپىپ ئالسا قاچىمىز،
بەرمەيمىز تۇتقۇق.
بېرىۋېلىپ ”نىشان“ غا،
قۇچىمىز ئۇتۇق.

ئويناپ موكۇ ـ موكۇلەڭ
بولىمىز ھۇشيار.
ئانا يۇرتنى قوغداشقا
دائىم بىز تەييار.

## ئارقان

بەكمۇ ياخشى كورىمىز
ئارقان تارتىشنى.

بۇ ئويۇندا سىنايمىز
كۈچى قالتىسنى.

بىرىلگەندە كوماندا:
"بىر، ئىككى ... تارت!" دەپ.
مەھكەم تۇتۇپ ئارقاننى
تارتىمىز كۈچەپ.

قىزىل بەلگە سىزىقتىن
ئۆتكەندە بىزگە.
ئالامىتى شاتلىقنىڭ
يۈگۈرەر يۈزگە.

ھىس قىلمايمىز ھارغىنلىق
قانچە تارتساقمۇ.
مەغرۇرلىنىپ كەتمەيمىز
يېڭىپ ئالساقمۇ.

دوستلار، ئارقان تارتايلى،
باغلاپ ئىشتىياق.
بولايلى بىز ھەر قاچان
ساغلام ۋە ئىناق.

مەھەممەت سىدىق تومۇرى

# گـۈزەل ئـارزۇلار

— شېئىرلار

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| ئارمىنىم ........................ | 51 |
| زاۋۇتتا ........................ | 52 |
| ئىككى ھورۇننىڭ ھالاكىتى ........................ | 53 |
| كېپىنەك ۋە يىڭناغۇچ ........................ | 59 |
| باغۋەن بولىمەن ........................ | 62 |
| پارتىلارنىڭ سوھبىتى ........................ | 63 |
| توغرا ئېيتتىڭىز ........................ | 65 |
| بۈركۈت بىلەن توخۇ ........................ | 67 |
| ساغلام تەندە ساپ ئەقىل ........................ | 69 |
| گۈزەل ئارزۇلار ........................ | 71 |
| مۇسابىقە ........................ | 80 |
| چىچەن بالىلار ........................ | 89 |

## ئارمنىم

ئاخشىمى تالاغا چىقسام كوزۇمگە —
كورۇندى چاراقلاپ ساناقسىز چىراق.
ئاقار نۇر دەرياسى شەھىرىم كوكسىدە،
ھەممە يەر كۈندۈزدەك كورۇنۇپ ئاپپاق.

ئىشچىنىڭ ئەجرىدىن — چاقنىغان توكتىن
كان، يايلاق، يېزىلار نۇرغا چومۇلگەن.
مىڭلىغان ئىستانوك گۈرۈلدەپ كۈن - تۈن،
يۇرتىمىز ئورلەشتىن شانغا كومۇلگەن ...

مەرتلەرنىڭ ئەجرىدىن چېچىلغان شۇ نۇر
كوڭلۇمنى ئاجايىپ تارتار ئوزىگە.
ئارمىنىم: چوڭ بولۇپ مېھنىتىم بىلەن
ئورنىسام مەڭگۈگە خەلقىم قەلبىگە!

## زاۋۇتتا

كېچە ... بايرام ھارپىسى
موتۇر تىنماي غاقىرار.
لۇرغا چۈمكەپ زاۋۇتنى
چىراق روشەن پاقىرار.

ئۇتتۇق قۇچۇپ ئۆتكۈزەر
مەرت ئىشچىلار كېچىنى.
شاتلىق، ناۋا قاپلىغان
يورۇق سېخنىڭ ئىچىنى...

ئىشلەر باقى ئەپلىك، تېز،
شاتلىق چاقناپ كوزىدىن.
دولقۇنلايدۇ قەلبى شوخ،
ئۇستازىنىڭ سوزىدىن.

"ئەقىللىقسەن تىرىشچان،
ھەر قاچاندا كوپ پۇختا..." —
دەيدۇ شاگىرت ئىشىغا،
كۇلۇپ قاراپ نۇر ئۇستا.

شاگىرت قولى تىنمايدۇ،
ئۇستاز كورستىپ ھارماس.

پولات يونۇلار ئەپلىك،
ئىستانوك گويا ئالماس.

شانلىق بايرام ئوكتەبىر،
شاتلاندۇرار كىشىنى.
زەپەر بىلەن ئۈزىتار
مەرت ئىشچىلار كېچىنى.



## ئىككى خورۇزنىڭ ھالاكىتى

(چۆچەك)

### 1

ياشىغانىكەن بۇرۇن - بۇرۇن،
ئاداش بولۇپ ئىككى خورۇن.
بىرى چىپار شالغۇت خوراز،
يەنە بىرى ھىلىگەر غاز.
ناخشا ئېيتىپ چالاركەن ساز،
بۇ ئىككى دوست قىشى ۋە ياز.
ئويۇن - كۈلكە تاماشىدا
كۈنى بىكار ئوتەر ئىكەن.
قوساق ئاچسا باشقىلاردىن

ئوزۇق كۆتۈپ ياتار ئىكەن،
يىسە تويماس نانخور ئىكەن،
ئەمما، يامان بەسخور ئىكەن.
"ياز بولسىلا قىش بولمىسا،
نان بولسىلا ئىش بولمىسا"



دەپ دائىما زارلايدىكەن،
ئاچ قېلىپ جان قىينايدىكەن...

2

مەسلىھەتلىشىپ ئۇلار ئاخىر
چەت بىر جايغا ئاتلىنىپتۇ.

ماغدۇر كېتىپ يول يۈرەلمەي،
بەللىرىمۇ قاتلىنىپتۇ.
نەچچە كۈنلەپ مېڭىپ ئاستا،
ئوتەلمەپتۇ ئېدىر - سايدىن،
هالى قالماي دەپتۇ ئۇلار:
"تاپماق كېرەك ئوزۇق نەدىن؟!"
ئۇچراپ قاپتۇ يولدا شۇ چاغ،
ئىككىيلەنگە بىر توپ ئۈژمە.
دەرهال شاخقا چىقىپ چوقۇپ،
ئۈژمىنى يەپ قىپتۇ مەززە.
ئايلار ئوتۇپ تۇگەپ قاپتۇ،
پىشقان شىرىن ئۈژمىلەرمۇ.
قوساقلارنىڭ ئاچلىغىدىن
قۇرالماپتۇ بەزمىلەرمۇ.
يەنە يولغا بوپتۇ راۋان،
ئالدى تەرەپ ئىكەن داۋان.
دۇچكېلىپتۇ ئىككىيلەنگە
ئۇدۇل ياقتىن قېرى قاۋان.
قاۋان ئېلىپ بارار ئىكەن،
بىر سىۋەتتە كوممە قوناق.
دەپتۇ خوراز: "هەي، قاۋانجان،
بىزگە بىرئاز بەرسەڭ قانداق؟"
توت باش قوناق تاشلاپ بېرىپ،
قاۋان يولغا كېتىپ قاپتۇ.

بىر باشتىنلا قوناقنى يەپ،
خوراز ۋە غاز يېتىپ قاپتۇ.
"دوستۇم، بىردەم ئېلىپ ئارام،
ئاندىن يولغا ئاتلىنايلى.
ئۈزلەپ سوراپ يەنە تېزراق،
تەييار تاماق - ئاش تاپايلى.
قالغان ئىككى باش قوناقنى،
يەيلى ساقلاپ ئازدىن - ئازدىن.
قوشۇلامسەن بۇنىڭغا سەن؟"
دەپ سوراپتۇ خوراز غازدىن.
"قوشۇلىمەن! — دەپتۇ غازمۇ،
ئۇنداق بولسا ئوخلايلى تېز.
سەن دېگەندەك ئەمگەك قىلماي،
تەييار ئوزۇق تاپايلى بىز."
هايال ئۆتمەي خورەك تارتىپ،
خوراز ئۇخلاپ ياتقان چاغدا،
قوناقنى غاز يەۋېلىپلا
دەپتۇ: "ماڭا بولدى پايدا..."
خوش بولۇپتۇ خوراز ئوزاق،
يەپ چۈشىدە تاتلىق قوناق.
سەيلى قىلىپ يۈرەر ئىمىش،
ئۇچار - قۇشلار سايراپ خۇشۋاق.
ياغ ئىچىدە توخۇ تولا،
"كاك - كاك" قىلىپ ساز چالارمىش،
سول تەرەپتە مىڭلاپ ئۆدەك،

ئوك تەرەپتە غاز بارارمىش...
گۇلدۇرماما ساداسىدىن
خوراز قورقۇپ ئويغىنىپتۇ.
شۇ چاغ قاراپ: "قوناق قېنى؟"
دەپلا غازنى بىر نوقۇپتۇ.
"كورمىدىممەن! — دەپتۇ غازۋاي،
قانداق ئوغرى ئېپقاچقاندۇ؟"
ئۇخلاپ ياتقان چېغىمىزدا،
قانداق ئاچكوز يەپ قاچقاندۇ؟"
"ئىست، ئىست! — دەپتۇ خوراز، —
قوساق گاچسا چاتاق بولۇر،
ماغدۇر كېتىپ يول يۇرەلمەي،
كوزلىرىمىز چاپاق بولۇر!"
پاراڭ سېلىپ ئۇلار شۇ چاغ
داۋان ياققا يول ئېلىپتۇ.
مېڭىپ ئۇلار ئۇزۇنغىچە،
بەللەر ئاغرىپ، پۇت تېلىپتۇ.

## 3

قوساق ئېچىپ قالماي هالى،
يىغلاپ ساپتۇ خوراز شۇندا.
ئۇلارغا هىچ يولۇقماپتۇ،
قىلچە ئوزۇق كەڭ داۋاندا.
"شۇكرى!، — دەپتۇ تاغ باغرىدا

ئۇچرىغاندا دوستلارغا غار، —
ئۇلسەك بۇندا ئۇلەيلى بىز،
يولدا ئاچ قېپ بولغىچە خار...»
دەپلا خوراز غار ئىچىگە
كىرىپ كەپتۇ چامداپ، قاراپ.
بىردىن موللاق ئېتىپ خوشال:
"ئامەت! ..." — دەپتۇ چىلك ۋاقىراپ.
"نىمە ئامەت؟" — دەپتۇ غازۋاي،
ئىشەنمەستىن خورازۋايغا.
"بۇندا باركەن تەييار تاماق!"
دەپتۇ خوراز شۇ چاغ غازغا...

پولۇ، مانتا تولغان قازان،
هورى ئۆرلەپ تۇرغان پىشىپ.
كەپتۇ ئۇلار قازان ياققا،
چومۇچلەرنى تاراقلىتىپ،
ئالغان ئىكەن ئىككى كاپام
ئاشتىن ئەمدى تېز ـ ئالدىراش،
بوران چىقىپ، بوپتۇ تۇتەك،
ئۇچۇپ كەپتۇ هەتتا قۇم ـ تاش...
يېتىپ كەپتۇ بىر ئەجدىها،
ئاغزىدىن ئوت يالقۇنلىتىپ!

دەم تارتىپلا يۇتۇۋاپتۇ،
ئىككى دوستنى پالاقلىتىپ...

★

يېشىپ بېرەي سىزگە دوستلار،
چوچىگىمنىڭ تەرىپىنى.
بىلىپ قېلىڭ بۇ چوچەكتىن
ئىش - مېھنەتنىڭ شەرىپىنى!
هورۇنلۇق ئۇ، يامان ئادەت،
ئەمگەك بىلەن ياشنايدۇ ئەل.
كۆتكەن گۈزەل ئۈمىت - ئارزۇ،
تەر توكسىڭىز بولغۇسى هەل!

## كېپىنەك ۋە يىڭناغۇچ

(مەسەل)

كېپىنەك ۋە يىڭناغۇچ
كوپتىن بىرى دوست ئىدى.
چىمەنلىكتە پىلدىرلاپ،
ئويناپ - ئۇچۇپ خوش ئىدى.

چۈشتىن كېيىن بىردىنلا
چاقتى چاقماق قاراسلاپ.
دەھشەت سېلىپ ئۇلارغا
ياغدى يامغۇر تاراسلاپ.

سوغ ئۇلارنى تىترەتتى
بوران ئەدەپ كۈچىيىپ.
دالدىسىدا ياپراقنىڭ
تۇردى ئۇلار مۈكچىيىپ.

دىدى شۇندا كېپىنەك:
"ئەته بىر ئۆي ياسايلى!
بىخىراماں ئۆيدە بىز،
ناخشا ئېيتىپ ياشايلى!"

"ماقۇل" — دىدى يىڭناغۇچ،
نىشان قىلىپ ئەتىنى.
كۈن چىققاندا نۇر چېچىپ،
ئۇنتۇتۇشتى ۋەدىنى.

يەنە ئويۇن - تاماشا
تارتتى كوڭۇل مەيلىنى.
گۈل - چىمەننى ئارىلاپ
باشلىۋەتتى سەيلىنى.

ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ئارىدىن
چاقتى چاقماق قاراسلاپ.
ياغدى يامغۇر، مولدۇر ھەم
دەھشەت بىلەن تاراسلاپ.

دىدى ئۇلار شۇ ئاندا:
"ياسايلى ئۆي ئەتىلا.
پۇختا ماكان تۈزمىسەك،
ئىش بولمىدى زادىلا ..."

كەلدى مانا ئەتىسۇ
قىزىپ كەتتى تاماشا.
چىمەنزاردا ناخشا ـ ساز،
ئۇسۇل بولدى كەڭتاشا.

ئويۇن بىلەن ئۆتتى كۈن،
بۇ ئىككى دوست بەك بىغەم.
ياز كېتىپ، قىش كەلگەندە،
چۈشتى باشقا يەنە غەم.

تاپالماستىن ئۆي ـ ماكان،
يىغلاپ "ئىسىت! ..." دېيىشتى.
ئۆتكەچ ئۆمرى ئىش قىلماي،
كېيىن ھەسرەت يېيىشتى.

# باغۋەن بولسمەن

ئاپپاق ساقال بوۋامنى
هورمەتلەيدۇ قېرى - ياش.
ئىشلەر بوۋام باغ ئارا،
چېهرى گويا گۈل ئوخشاش.

باغنىڭ ئىچى پۈركەنگەن
رەڭمۇ - رەڭ گۈل - چېچەككە.
بوۋام ئۈلاق سالىدۇ
ئامۇت، شاپتۇل، ئۈرۈككە.

باغدا ئەنجۈر، شاپتۇلا،
پىستە، بادام، نەشپۈت بار.
ئانار، بىيە، ئەينۇلا،
تام تۈۋىدە شاتۇت بار.

مەنمۇ يېنىپ مەكتەپتىن
بوۋام بىلەن ئىشلەيمەن.
ئۈلاق ئۈلاپ بوۋامدەك
يېتىشمەكنى كوزلەيمەن.

بوۋام دەيدۇ زوقلىنىپ؛
"ئىخلاس بىلەن قارايسەن.

زېرىكمەستىن تىرىشساڭ،
باغۋەنلىككە يارايسەن!...“

دېدىم: بوۋا، ئۆگىنىپ،
سەندەك باغۋەن بولىمەن.
ئاۋال تىرىشىپ ئوقۇپ،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىمەن!

## پارتىلارنىڭ سوھبىتى

ساۋاقداشلار ئۆيگە قايتىپ،
سىنىپ ئىچى بوشاپ قالدى.
دەرىزىنىڭ تۈۋىدىكى
پارتا بىردىن يىغلاپ سالدى:

”ئىسىت، ئىسىت، نىمىشقىمۇ،
پارتا بولۇپ قالغاندىمەن.
يېڭى، پاكىز پارتا ئىدىم،
مەكتەپ پۇلغا ئالغاندا مەن!

قەلەمتىراچ بىلەن مېنى
ھەسەن يوناپ قىلدى نابۇت.
ئىسكەتىدىن كەتتىم مانا،
بەدەنلىرىم ناكا بولۇپ.

قىيىق كەبى تەۋرىنىپ كوپ،
مېنى تىنماي غىچىلداتتى.
چۈۋۈلۈشقا ئازلا قالسام،
يەنە باقماي ئىغاڭلاتتى.

ئىسىت ـ ئىسىت، ۋاي، توۋىيەي!
ئىگەم مېنى خارلىماقتا.
جامائەتنىڭ مۈلكى ئىدىم،
ئاسرىماستىن يوقاتماقتا ...“

”يىغلىمىغىن، — دەپ سوزلىدى،
ئوڭ ياقتىكى يېشىل پارتا،—
ئىگەڭنىڭ بۇ قىلمىشلىرى
ھەقىقەتەن بەكمۇ خاتا!

ئىگەم مېنى ئاسراپ كۈندە،
ئىشلەتمەكتە پاكىز سۈرتۈپ.
شۇڭا دائىم پارقىرايمەن،
تۇرماقتىمەن خوشال كۈلۈپ ...“

شۇ يوسۇندا پارتىلارنىڭ،
سوھبەتلىرى قىزىپ كەتتى.
كىملەر ياخشى، كىملەر يامان،
پىكىر ـ تەلەپ يېغىپ كەتتى...

شەرەپلىكتۇر ئاسراش دائىم،
ئومۇم خەلق مال ـ مۈلكىنى.
تونۇش كېرەك بارچە ئەۋلات
زورۇر، مۇھىم بۇ بۇرچىنى!

## توغرا ئېيتتىڭىز ...

شەنبە كۈنى سىنىپتا
ئولتۇراتتۇق تىزىلىپ.
كۈندىكىدەك مۇئەللىم
كىردى خوشال، شات بېقىپ.

ھەممىمىزگە قاراپ ئۇ
سوئال قويدى شۇ ئاندا:
— ئېيتىڭلارچۇ باللار،
نىمە ئۇلۇغ جاھاندا؟

ئەركىن دىدى: "ئەڭ ئۇلۇغ
نەرسە نۇرلۇق كۈن ئۆزى.
ئۇنىڭسىز ھىچ باھار، ياز،
بولماس ھەمدە كۈندۈزى!"

غالىپ دىدى: "ئەڭ ئۇلۇغ
نەرسە كەڭرى ئالەمدۇر!"
رەيھان دىدى: "ئەڭ ئۇلۇغ
نەرسە گۈزەل كوكلەمدۇر!"

گۇلنۇر دېدى: "پارتىيە —
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى!
يوقسۇللارنى ياشناتقان،
بەختىمىزنىڭ بۇلىغى!..."

تەربىيىچىمىز دېدى شات:
"ئەقىللىقسىز گۇلنۇر قىز.
نىمە ئۇلۇغ دۇنيادا،
توغرا ئېيتىپ بەردىڭىز.

هايات بەرگەن يوقسۇلغا
غەمخورىمىز گۇڭچەنداڭ!
قانات بەرگەن ئورلەشكە،
قۇياشىمىز گۇڭچەنداڭ!

قۇملۇق دەشتۇ - چۆللۈكلەر
ئايلانماقتا بوستانغا...
گۇڭچەنداڭنىڭ قۇدرىتى،
پاتماس مىڭ - مىڭ داستانغا.

گۇڭچەنداڭغا يۈرەكتىن
دائىم رەھمەت ئېيتىمىز.
ئورلەپ شانلىق نۇرىدا
كوممۇنىزىمغا يېتىمىز!».

# بۈركۈت بىلەن توخۇ

(مەسەل)

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە،
توخۇ بىلەن بۈركۈت قوشماق.
توخۇ ئاكا، بۈركۈت ئۇكا،
ياشىغانكەن بىللە ئۇزاق.

توخۇ ھورۇن، مىشچان ئىكەن،
بۈركۈت باتۇر ئىشچان ئىكەن.
ئىش - ئەمگەكتىن قېچىپ توخۇ،
كاتىگىدىن چىقمايدىكەن.

بوران - چاپقۇن، ئىسسىق - سوغدىن
قورقمايدىكەن بۈركۈت پەقەت.
چوققىلاردىن ھالقىيدىكەن
كۆندە ئۇچۇپ، ئېگىز ئورلەپ.

ئۆتسىمۇ كوپ كۈزۈن يىللار
توخۇ ھەركەت قىلماپتۇ ھىچ.
كاتىگىنىڭ ئەتراپىدا
ئوخلاپ دانلاپ يۈرۈپتۇ تېنچ.





لېكىن زامان ئۆتۈپ بۈركۈت
پالۋان بولۇپ يېتىلىپتۇ.
چوققىلاردىن چوققىلارغا
خۇددى ئوقتەك ئېتىلىپتۇ.

مەرت بۈركۈتكە ھەممە ئىنسان
خۇشتار بولۇپ كۆي توقۇپتۇ.
توخۇ ئۇخلاپ، قوساق توقلاپ،
كۆندە پەقەت يەر چوقۇپتۇ.

★

بۇركۇت ياكى تورغاي بولۇش
ئۆلچىنىدۇ ئەجرىڭ بىلەن.
بۇ دۇنيادا قىيىن ئىش يوق
كوڭۇل قويساڭ مېھرىڭ بىلەن.

كىچىك دوستۇم، بۇركۇت كەبى
ھارماي تىرىش، دائىم تاۋلان.
ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا
چىقالايسەن شۇنداق قىلساڭ.

## ساغلام تەندە ساپ ئەقىل

غالىپ بىلەن ئەركىنجان
ئاكا - ئۇكا ئىككىسى.
ئەركىن دائىم چىنىقار،
لېكىن ھورۇن ئاكىسى.

سەھەر تۇرۇپ ئەركىنجان
يۇگۇرەيدۇ، سەكرەيدۇ.
چىقالماستىن يوتقاندىن
غالىپ ئىڭناپ ئەسنەيدۇ.

ھەرسائەتلىك دەرس تۇگەپ
ئەركىن چىقار ھاردۇققا.
ساپ ھاۋادا توپ ئويناپ
قۇۋۋەت يىغار قول - پۇتقا.

غالىپ بوشاڭ سالپىيىپ
قوزغالمايدۇ جوزىدىن.
ئۇگدەك بىسىپ ئولتۇرار
ئۇيقۇ كەتمەي كوزىدىن.

چىنىقماستىن غالىپجان
دۇچار بولدى كىسەلگە.
بەدەنلىرى بوشىشىپ،
ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە.

ئوتۇپ ئايلار، پەسىللەر
كەلدى يىللىق ئىمتىھان.
بولدى ئەركىن ئەلاچى،
ئوتەلمىدى غالىپجان...

قىلىپ غالىپ پۇشايمان
ھورۇنلۇقنى تاشلىدى.
ساۋاق ئىلىپ زىيانىدىن
تىرىشىشقا باشلىدى.

هەر كۆنلۈگى ئەركىندەك
چىنىقتۇردى بەدەننى.
ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلەپ
باستى ئۇ زور قەدەمنى.

شۇندىن بېرى غالىپمۇ
ئۆكسىدەك ئەلاچى.
"ساغلام تەندە ساپ ئەقىل"
دىگەن شۇڭا يۇرت ئىچى.

## گۈزەل ئارزۇلار

كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن،
كۈرەشكە تەييار بولۇڭلار!
— لېنىن

چوڭ ئاپتوۋۇز گۈكىرەپ
ئۇچقان قۇشتەك باراتتى.
قىز ـ ئوغۇللار خوشلۇقتا
مەنزىرىگە قارايتتى.

ئىگىز هەيۋەت بىنالار
قالار ئىدى ئارقىدا.

ماشىنىلار موكىدەك
قاتنار ئىدى كوچىدا.

خۇددى سۇزۇك شىشىدەك،
تاۋلىناتتى كوك - ئاسمان.
زوق - هاياجان قوزغايتتى
دەل - دەرەخلىق گۇلىستان.

باستۇق تالاي مۇساپە
تېز سۇرئەتتە قىز - ئوغلان.
قارشى ئالدى بىزلەرنى
ئىشچى تاغا — ساھىپخان.

كەلدۇق بۇگۇن كورۇشكە
فابرىكىنىڭ ئىچىنى.
ئۇگىنىشكە شەرەپلىك
ئىشچىلارنىڭ ئىشىنى.

فابرىكىنىڭ سېخلىرى
قاتار - قاتار، بەك تولا.
ئىچى يورۇق، ئازادە،
چاقنىغاندەك نۇر - شولا...

ئىشچى ھەدە - تاغىلار
تېخنىكىدا ماھىركەن.

ياراتماقتا رېكوردلار،
جاسارىتى زاھىركەن.

گويا رايال چالغانـدەك
بارماقلىرى تىنمايتتى.
قاراپ شۇڭا ئۇلارغـا
يـۈرىكىڭىز قانمايتتى.

توقۇش سېخى ئىچىدە
تۇرۇپ قالدىم بىر هازا.
كەلدى شۇدەم كۆڭلۈمگە
مۇنداق قايغۇ ـ غەم، هازا:

مېنىڭ بوۋام ئۇتمۇشتە
خام ـ ماتانى توقۇغان.
يىللار بويى توقۇپمۇ
تويغىدەك نان تاپمىغان.

توقۇغان خام ـ ماتانى
كىيەلمىگەن ئۆزىمۇ.
كىيەلمىگەن ئويدىكى
ئوماق ئوغۇل ـ قىزىمۇ.

بەگ ـ بوجاڭلار قامچىسى
باش ئۇستىدە ئوينىغان.

كۆنلەر ئېغىر... مۇكچىيىپ،
بوۋام غەمدە كوز يۇمغان.

يالت قىلىپلا ئېسىمگە
چۈشتى ئوتمۇش سۈرىتى.
موما ماڭا سوزلىگەچ
يىغلاپ نەچچە مورىتى...

ئەمدى باقسام ئىستانوك
شۇنچە چاپسان توقۇغان.
ئاقار رەختلەر دەريادەك
ئىشمۇ ئەجەپ ئاۋۇغان.

جارى قىلغاچ ئىشچىلار
قۇدرىتىنى، ئەقلىنى.
كوردۇم رەختلىرىدىن مەن
گۈزەل باھار پەسلىنى...

كورۇپ بولۇپ زاۋۇتنى،
زالغا قەدەم تاشلىدۇق.
ئوسمۇر دوستلار بۇندا بىز
يېڭى كونسېرت باشلىدۇق.

ئويۇن قويدۇق ئوغۇل - قىز
ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ.

ئىشچى ھەدە ـ تاغىلار
كوردى خوشال ئىنتىلىپ.

ئاخىرىدا بىز مۇنىداق
خور ئېيتىشتۇق سەھنىدە.
بولغاچ گۈزەل ئارزۇلار
ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە...

ھىرىنچى خور

## باتۇر ئىشچىلار

فابرىكىدا زەپەر قۇچۇپ، شاتلىق ياغدۇرغان،
يەر تەكتىدىن دولقۇنلىتىپ نېفىت ئاققۇزغان.
يۇرتىمىزغا چىراقلاردىن يۇلتۇز تاققۇزغان،
جاسارىتى قايناپ تاشقان، باتۇر ئىشچىلار.

تاغنى تالقان قىلىپ ھامان پولات قولۇڭدا،
مىڭلاپ توسقۇن، مۇشكۇللەرنى چەيلەپ يولۇڭدا.
كومپارتىيە مېھرى يېنىپ ئوتلۇق دىلىڭدا،
ئېلىمىزگە شەرەپ قۇچقان، باتۇر ئىشچىلار.

چوڭقۇر خاڭدا جەڭ قىزىتىپ، كومۇرنى قېزىپ،
شان ـ زەپەردىن خەلقىمىزگە گۇلدەستە تىزىپ.

پولات تاۋلاپ قەھرىمانلىق داستانى يېزىپ،
جانىنى تىكىپ كۈرەش قىلغان باتۇر ئىشچىلار.

دۈچكەلگەن ھەر تاغ - داۋاننى تالقان ئەيلىدىڭ،
يۈرەكلەردە مۇھەببەتنى ۋولقان ئەيلىدىڭ.
دۈشمەنلەرنىڭ دىل - باغرىنى قان - قان ئەيلىدىڭ،
توھپىسى مول، شوھرەت تاپقان، باتۇر ئىشچىلار...

## ئىككىنچى خور

### ئۇسمۇرلەر ناخشىسى

ساغلام باتۇر ئۇسمىز
چىنىقتۇرۇپ بەدەننى.
ھەر دائىما بىز تەييار
گۈللىتىشكە ۋەتەننى.

نۇر چاچىدۇ قۇياشتەك
قىزىل بايراق لەپىلدەپ.
"ئىنقىلاپ!" دەپ يۈرەكلەر
سوقۇپ تۇرار گۈپۈلدەپ.

ئىگەللەيمىز ئىلىم - پەن
ئۆگىنىپ بىز بەس - بەستە.

چىنىقىمىز، ئوقۇيـمىز
ئورلەپ قىزغىن ھەۋەستە.

ئىشچى، دىخان، ئىنژېنېر،
ئەسكەرلىككە يارايمىز.
جاسارەتتە يۈكسىلىپ،
ئىقبالغا شات قارايمىز.

باردۇر بىزدە كۈچ ـ ئىدرەك،
شائىر، ئالىم بولۇشقا.
گۈللىتىمىز ۋەتەننى
قۇچاق ئېچىپ ئۇتۇققا!

دائىم ئالغا باسـمىز
قىلماي ئەسلا قانائەت.
لاۋۇلدايدۇ دىلـلاردا
ئانا ئەلگە مۇھەببەت!

يېگى ئۇزۇن سەپـەردە
شانلىق ھەسسە قوشىمىز.
پارتىيىگە ئەگىشـىپ
تاغ ـ داۋانلار ئاشىمىز!

## ئۈچىنچى خور

### چىچەك ئاچار ئارزۇلار

ئىلىم - پەنگە تەلپۈنگەن
قەلبى قايناق ئۇسمۈر بىز.
كومپارتىيە مەدەتكار،
بەختى پارلاق ئۇسمۈر بىز.

سەھەردىكى شەپەققە
ئوخشايدۇ گۈل چېھرىمىز.
گۈزەل ئارزۇ - ئىقبالچۈن،
ئاقار تېشىپ مېھرىمىز.

ئاي ۋە چولپان تۇرماق بىز
ھۆكەرگىمۇ ئۈچىمىز.
كائىناتنىڭ قوينىدا
غەلىبىلەرنى قۇچىمىز.

پەن - بىلىمدىن ھەممىگە
تېپىپ ئامال - چارىنى.
بېغىشلايمىز ۋەتەنگە
كۈچىمىزنىڭ بارىنى.

سېكۇنتىغا نۇردىن تېز —
ئۇچار كېمە ياسايمىز.
ئىنسانىيەت بەختىگە
قەلبىمىزنى ئاتايمىز!

گاھ دېڭىزغا كوۋرۇكنى،
يۇلتۇزلارغا سۇپىنى،
كەشپىياتتىن ياساپ تېز،
قوشىمىز چوڭ توھپىنى.

بىزگە بۈگۈن ھۆر زامان
بەرگەچ ھەممە ئىمكانىنى.
ھەل قىلىمىز تىرىشىپ،
سىرلىق تۈگۈن، ئارمانىنى...

ئىنسان ئۇلۇغ ۋە غالىپ،
ئارزۇمىزغا يېتىمىز!
خەلق، ۋەتەن شەنىگە
خوشال ناخشا ئېيتىمىز.

پەن - تېخنىكا سېپىدە
يۈكسىلىمىز بەختىيار.

كوممۇنىزىم قۇرۇشقا
ھەر دائىم بىز تەييار!..

*　　*

خور ساداسى جاراڭلاپ
دىلنى مەپتۇن قىلاتتى.
چاۋاك چېلىپ ئىشچىلار
بىزگە زوقمەن باقاتتى.

شاتلىق نۇرى چاقنايتتى
مىڭلاپ ئۇتلۇق كوزلەردىن،
جىلۋە قىلىپ تەبەسسۇم،
ئۇماق، ئانار يۇزلەردىن...

## مۇسابىقە

ياز پەسلىنىڭ بىر كۇنى
جەرەن، توپاق، غاز، ھايمۇن.
پەم - ئەقىلنى سىنىشىپ،
باشلىدى قىزىق ئويۇن.
توپاق ئۇرۇپ مەيدىگە
دىدى: "ھېنىڭ كۇچۇم جىق!
بەسلەشمەكچى بولغىنىڭ،
ھە، مەيدانغا چاپسان چىق!.."

مايمۇن دىدى: "جەرەننى
رىمبر قىلىپ سايلايلى.
توغرا – خاتا ئۇستىدە
ئادىل باھا ئاڭلايلى!
توپاق ئاكا، سەن بىلەن
بەسلىشمەن كەل قېنى!
چوك زىياپەت بېرىمەن،
يېڭىۋالساڭ سەن مېنى!
سەن يېڭىلسەڭ ئەگەردە
ھەممىزنى قىل مېھمان.
نەق مەيداندا ئەقىلنى
قىلايلى بىز نامايان".
سوزلەپ شۇدەم مايمۇنجان،
چىققى سەكرەپ مەيدانغا.
"بەللى!" دىگەن ئالقىشلار
كەتتى ياڭراپ ھەر يانغا.
كۈلۈپ كەتتى توپاقۋاي،
توختىتالماي ئۆزىنى.
دىدى شۇ چاغ تىكىپ ئۇ،
مايمۇنجانغا كوزىنى:
"بىر نىقتىسام ئۇلىسەن،
شۇنچە ئاجىز، ۋىجىك سەن.
بەسلەشمەككە مەن بىلەن،
قانداق جۇرئەت قىلدىڭ سەن؟!"
دىدى جەرەن: "باشلايمىز

ئەقىل - پەمنى سىناشنى.
بوش چاغلىما توپاقۋاي،
بىزنىڭ مايمۇن ئاداشنى.
يېڭىپ چىقماق تەس ئەمەس،
بولسا ئەقىل - دىتىڭلار.
قېنى قانداق ئىش بىلەن
سىنىشىمىز ئېيتىڭلار؟"
دىدى توپاق: "جىگدىنى،
بىرلا ئۇسۇپ ئۆرۈيمەن.
ياكى ئاۋۇ مايمۇننى
مۈڭگۈز بىلەن چۆرۈيمەن!"
"ياق، ياق! — دىدى جەرەن تېز، —
يان پەيلىڭدىن توپاقجان.
زىيان - زەخمەت يەتكۈزمە،
دوستلارغا بول مېھرىۋان.
سېنىڭ شەرتىڭ ناتوغرا،
مايمۇن ئېيتسۇن گېپىنى.
سىنىشىڭلار ھەر ئىشنىڭ
تېپىپ ياخشى ئېپىنى!"
مايمۇن دىدى: "ياغلىقنى
تاشلىشايلى يىراققا.
بىرىنچى رەت تاشلاشنى
ئۆتۈنىمەن توپاققا."
"بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش
بولامدىغان دۇنيادا.

شۇنداق ئاتاي يىراقتا
كورۇڭلارچۇ مەيداندا.“
دەپلا توپاق كورەڭلەپ،
كۆچ ئىشلەتتى يىراقتا.
بارماي ئىككى مېتىرغا،
چۈشتى ياغلىق تاشلىقتا.
ئاتتى يەنە ئۈچ قېتىم،
قاملاشمىدى، بولدى لەت.
دېدى جەرەن: ”مايمۇن سەن،
ئاتقىن ئەندى بۇ نۇۋەت!“
مايمۇن ئاتتى ياڭاقتەك
تاشنى ئوراپ ياغلىقتا.
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە
بېرىپ چۈشتى سازلىقتا.
”ياخشى!“ دېدى ھەممىيلەن،
چاۋاك چېلىپ ۋاقىراپ.
ھەيرانلىقتا توپاقنىڭ
قالدى كوزى پارقىراپ.
”ئىككىنچىسى باشلانسۇن!“
دېدى جەرەن جاكالاپ.
توپاق دېدى ئالدىراپ،
ئىككى ياققا ئىغاڭلاپ:
”ئۇسۇشەيلى قاس - قۇسلا
شۇندا نوچى ئايرىلۇر.
كۆچى يوقنىڭ بىردەمدە

قوۋۇرغىسى قايرىلۇر.“
جەرەن دىدى: ”بولمايدۇ،
ئەقىل - پەمنى سىنايمىز.
كىمدە چارە كوپ بولسا،
شۇنى دانا ئاتايمىز.“
دىدى مايمۇن: ”بۇ ئىگىز
شاختا بىر تال ئالما بار.
يەردە تۇرۇپ ئىلىشقا
ئۇڭا قانداق ئامال بار؟“
دىدى توپاق: ”مەن ئالاي،
بۇ رەت ئۇتۇق ماڭا خاس!
ئۇنى ئوزەم ئالمىسام
مايمۇن ئەسلا ئالالماس.“
يىنىپ توپاق كەينىگە،
كاللا قويدى دەرەخكە.
قايتا - قايتا ئۇستى ھەم،
ئالما چۈشمىدى يەرگە.
داجىپ، ئوقتەك بىرىپىلا
ئۇسكەن چاغدا بەك كۈچەپ.
موللاق ئىتىپ توپاقۋاي،
ئوڭدىسىغا چۈشتى بەك.
كۈلۈپ كەتتى باشقىلار
تۇتالماستىن ئوزىنى.
تۇرۇپ قالدى غەزەپتە،
تىكىپ توپاق كوزىنى.

لېكىن ئۇنىڭ شاختىكى
ھەلىقى قىزىل بىر ئالما.
ئىنغاڭلايتتى، چۈشمەيتتى،
توپاق قىلسىمۇ تاما ...
دېدى جەرەن: "ھەي مايمۇن،
نوۋەت سېنىڭ قىل ئامال.
سەكرەپ شاخقا چىقمايسەن،
يەردە تۇرۇپ ئۇنى ئال!"
"ماقۇل!" دېدى مايمۇنجان
ئېلىپ كەلدى بىر ھاسا.
ئۇچۇپ چۈشتى ئالمىمۇ
ئۇرغان چاغدا ساپاققا.
"كاپ" قىلىپلا ئالمىنى
تۇتتۇۋالدى مايمۇنجان.
"بەللى!" دېدى خوش بولۇپ،
چاۋاك چېلىپ دوست - ياران.
"ئۇچىنچىسى باشلانسۇن!"
دېدى جەرەن جاكالاپ.
"مەن - مەن!" دېدى توپاقۋاي،
سوزلەپ كەتتى دوڭغاسلاپ:
"يۇگۇرۇشەيلى يىراققا،
ئۇزۇپ چىقار كىم قېنى؟
چوقۇم ئەمدى يۇگۇرۇشتە
مەن يېڭىمەن مايمۇننى!"
سوزلىدى غاز: "ھەي توپاق،

يېتەلمەيسەن مايمۇنغا.
سەل چاغلىما ئۆزگىنى،
سوزلە، بىقىپ ھالىڭغا.“
”چاڭقاپ كەتتۇق ئىسسىقتا،
كەلتۇرۇڭلار تېزدىن سۇ، —
دىدى جەرەن، — سىلەرگە
مۇھىم سىناش بولار بۇ!“
مايمۇن بىلەن بەسلىشىپ،
كەتتى توپاق بۇلاققا.
ئۇيان - بۇيان چوگىلەپ،
قاراپ قالدى ئوتلاققا.
ئىچتى سۇنى، تاپالمىدى
ئېلىپ كېتىشكە ئامال.
ئوت - چوپنى يەپ لاغايلاپ،
سۇرۇپ قالدى كوپ خىيال...
تېزدىن سۇەت توقۇدى
تالزارلىقتا مايمۇنجان.
سۇۋاپ قېلىن لاي بىلەن
ئىشلەتتى پەم بەك ئوبدان.
سۇ ئەكەلدى سۇەتتە،
دەرھال ئۇ غاز، جەرەنگە.
قايىل بولدى ھەممىسى
مايمۇنجاننىڭ پەمىگە.
كەلدى توپاق بىر چاغدا،
خىجىل بولۇپ تاتىرىپ.

دېدى جەرەن: "پو ئاتما،
كۈچلۈك مەن دەپ ماختىنىپ.
ئەقىل - پەمنى ئىشلەتسەڭ،
قىيىن ئىش يوق جاھاندا.
ئۆگەن ھارماي، يېغ بىلىم،
نادان ئۆتمە ئارماندا..."

× ×

كىچىك دوستلار، سىلەرمۇ
ئەقىل - پەمگە تولۇڭلار.
ئىلىم - پەندىن نۇر ئېمىپ
ئىشقا ماھىر بولۇڭلار!

## چىچەن بالىلار

تەتىل پەيتى ... دەريا بويىغا
چىقتى ئەسقەر، ئەنۋەر ھەم غېنى.
راھەتكىنە چومۇلۇپ سۇغا،
خوشال بولدى، يايرىدى تېنى.

بۆك سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كېلىپ،
چىمەنلىككە ياتتى يانپاشلاپ.

ئىچىپ زۇمرەت بۇلاق سۈيىدىن،
كۆلدى، ھەريان كوزىنى تاشلاپ.

قارار ئىدى ئۇلار تويماستىن،
ئورمانلىقنىڭ گۈزەللىگىگە.
باقار ئىدى ئاستا سوزلىشىپ،
تەبىئەتنىڭ سېخىلىگىگە.

كەلدى شۇدەم بىر ئادەم چاپسان،
بىر تۈپ توغراق تۈۋىگە قاراپ.
كوتىرىپ ئۇ يوغان سومكىنى،
ئەنسىز كوزدە ھەريانغا ماراپ.

كولاپ توغراق تۈۋىنى تېزدىن،
كومدى ئۇنىڭ سومكىنى ئەپلەپ.
ماڭدى شۇندا ئورمان ئىچىگە،
ئەتراپىغا قاراپ تەمتىرەپ.

يوچۇن ئادەم كەتكەندىن كېيىن
ئەسقەر، ئەنۋەر، غېنى تۇرۇشتى.
ماڭدى توغراق تۈۋىگە قاراپ،
دوستلار بىر ئاز ھەيران بولۇشتى.

"— ئوغرىلىغان سومكىنى بۇنىڭا
يوشۇرغىلى كەلگەن ئۇ، ئادەم!"

”— توغرا... دەرھال سومكىنى ئېلىپ،
تاپشۇرايلى ساقچىغا شۇدەم!“

دېيىشتى - دە پىئونېر دوستلار،
سومكىنى تېز ئېلىشتى كولاپ.
دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم،
كېلىپ قالدى ئالدىراپ ماراپ.

”— ھەي شۇمتەكلەر، سومكىنى تاپشۇر،
رەھىم قىلماس ئاكاڭ سەنلەرگە!“
دەپ سومكىغا ئاتتى ئۇزىنى،
تولۇپ قانلار ئىككى كوزىگە.

ئەسقەر سومكىنى بەردى ئەنۋەرگە،
ئەنۋەر تېزلا بەردى غېنىگە.
قولدىن - قولغا ئوتتى سومكا تېز،
ماڭدى ئۇلار ئورمان چېتىگە.

ھېچ ئامالسىز قالغاندا ئوغرى
دىدى: ”ماڭا تاپشۇر سومكىنى!
ئەگەر ماڭا بەرمىسەڭ چاپسان،
ئولتۇرۇمەن بۇندا ھەممىڭنى!“

قولغا پىچاق ئالدى ۋاقىراپ،
كەتتى قەبىھ كوزى پارقىراپ.

باللارمۇ ئۇچقاندەك چېپىپ،
يېتىپ كەلدى تاشيولغا قاراپ.
ئادەم ئۆتۈپ يولدا ھەرياققا،
ماشىنىمۇ قاتناپ تۇراتتى.
قۇياش نۇرى قىزىتىپ راسا،
ئۆتتەك يېنىپ چاقناپ تۇراتتى.

"كاپ" قىلىپلا سومكىنى تۇتۇپ،
تارتتى ئوغرى كۆچەپ ئالدىراپ.
غېنى بىلەن ئەسقەرمۇ تارتتى
غەزەپ بىلەن ئوغرىغا قاراپ.

ئالالمىدى سومكىنى ئوغرى،
توپلىنىشتى يولغا كىشىلەر.
ئوغرى يەرگە يىقىلىپ چۈشتى،
پۈتنى كوزلەپ تەپكەندە ئەنۋەر.

ھەش ـ پەش دېمەي تۇتۇلدى ئوغرى،
ئۆتتى پىچاق ئەنۋەر قولىغا.
ئۇلار بىرلىشىپ دەرھال ئوغرىنى،
ماڭدى ھەيدەپ ئۇدۇل ساقچىغا...

مۇقاۋا ۋە رەسىملەرنى سوپاخۇن ئىشلىگەن


燕　子（诗　集）（维吾尔文）

阿不力克木·肉子等　著

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米　32开本　3印张

1984年1月第1版　1984年6月第1次印刷

印数：1——3,800

---

统一书号：M10098·812　定价：0.17元